# «جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش دوكلات يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2006-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى)

خۇ جىنتاۋ

مىللەتلەر نەشرىياتى

**يولداشلار :**

بۈگۈن بىز بۇ يەردە تەنتەنىلىك ھالدا «جىياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش دوكلاتى يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز . «جىياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقى—پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور ئىش . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئالايىتەن «‹جىياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما›نى ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى . جايلار ، تارماقلار چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ قارارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى كېرەك .

پارتىيىنىڭ 16-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەڭ ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلغان ، ھازىرقى دۇنيا ۋە بۈگۈنكى جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ، ماركسىزم ئىلمىي نەزەرىيىسىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېڭى ئەسىر-يېڭى باسقۇچتا پۈتۈن پارتىيە-پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىنقىلارغا يول ئېچىپ ، كېيىنكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانىغا يېتىشتىكى تۈپ قىبلىنامە ، ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇش شەرت بولغان يېتەكچى ئىدىيە ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇشۇ روھقا ئاساسەن پۈتۈن پارتىيە بويىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش-ئىزچىللاشتۇرۇش يېڭى دولقۇنى قوزغاش ، «ئۈچكە

ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش-ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، پارتىيە-دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى . ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئەسەر-ھۆججەت تەھرىرلەش كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا بىنائەن تەھرىرلەپ تۈزگەن «جىياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما» ھازىر مەملىكەت بويىچە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى . «جىياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»غا ئاساسلىقى يولداش جىياڭ زېمىننىڭ 20-ئەسىر 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 21-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىللەردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە مۇستەقىل ئىجادىي خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ئوبدان قوراللاندۇرۇپ ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى .

—— «جىياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»دا پارتىيىنىڭ يولداش جىياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت كوللېكتىپ رەھبەرلىكى پۈتۈن پارتىيە-پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلىگەن تارىخىي مۇساپىسى جانلىق خاتىرىلەنگەن .



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەن: «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› ئىدىيىسى ئاساسىمىز ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ 13 يىلدىن بۇيان نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە يول ئېچىپ كەلگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى.» پارتىيە 13-نەۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 13 يىل مابەينىدە خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇردى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز جۇشقۇن تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ 20-ئەسىر 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 90-يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە مەملىكىتىمىزدە ئېغىر دەرىجىدە سىياسىي داۋالغۇشلار يۈز بەردى، خەلقئارادا شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتتى، دۇنيا سوتسىيالىزمدا ئېغىر ئوڭۇشسىزلىق كېلىپ چىقتى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى غايەت زور قىيىنچىلىق ۋە بېسىمغا دۇچ كەلدى، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بەلگىلىنىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە تۇرۇپ قالدى. پارتىيىمىزنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارغا ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىغە يېقىندىن تايىنىپ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەندە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردە كۆرۈلۈۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرلەرگە بىمالال تاقابىل تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، خەلق تۇرمۇشىدا كىيىنىش-تويۇنۇشتىن هاللىق سەۋىيىگە يېتىدىغان تارىخىي هالقىش ئومۇمەن ئىشقا ئاشتى، شىياڭگاڭ-ئاۋمېن ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلدى، جەمئىيىتىمىزدە تىنچ-ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ كەلدى، خەلقئارادىكى تەسىرىمىز روشەن دەرىجىدە كېڭەيدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن يېڭىچە قىياپەتتە ئورۇن ئالدى. «جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش، ئېلىمىزنىڭ بۇ تارىخىي مەزگىلدە بېسىپ ئۆتكەن ئالاهىدە تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈش—كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى مۇستەهكەملەشتە ئىنتايىن زور ئەهمىيەتكە ئىگە.

——«جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»دا پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەهبەرلىك قىلىپ تۇرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-توسالغۇلارنى يېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئومۇميۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتالىشىغا دائىر قىممەتلىك تەجرىبىلەر ئىلمىي يەكۈنلەنگەن. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 13 يىل داۋامىدا پارتىيىنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەهبەرلىك كوللېكتىپى ۋەزىيەت ئۈستىدىن ئىلمىي هۆكۈم چىقىرىپ، ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر تەرەققىياتى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ ۋە يېڭىچە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش هەم سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،

ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەھۋاللاردىمۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىگە چېتىلىدىغان نۇرغۇن زور مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى ھەم ھەل قىلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، زور مىقداردا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 16-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويغان، پارتىيىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئاساسلىق تەجرىبىلەر پارتىيىمىز ئەمەلىيەت داۋامىدا ھاسىل قىلغان يېڭىچە مۇھىم قاراشلارنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈردى، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قانۇنىيىتى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى جەھەتتىكى تونۇش، ئۇنى ئىگىلەش، تەتبىقلاش سەۋىيىسىنىڭ يەنىمۇ ئۆسكەنلىكىنى نامايان قىلدى. «جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاشۇ قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ھەم ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش — خەلقئارا ۋە ئىچكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشتە، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدار قۇرۇلۇشى ۋە ئىلغارلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىزدە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

— «جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما» پارتىيىمىز ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي

قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ئىجادىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان يېڭىچە زور نەزەرىيە مۇۋەپپەقىيىتى ئىكەنلىكىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈردى. پارتىيىمىز نەزەرىيە يېتەكچىلىكى ۋە نەزەرىيە يېڭىلاشقا ئەزەلدىنلا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ نەزەرىيە مۇۋەپپەقىيىتىنى كەينى-كەينىدىن ياراتتى. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىننى ئاساسلىق ۋەكىل قىلغان زامانىمىزدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ماركسىزم ئارقىلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، پارتىيىمىزنىڭ هازىرقى تارىخىي ئورنىغا ئىلمىي ھۆكۈم قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى زىچ دەۋر قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ماركسىزملىق غايەت زور نەزەرىيىۋى جاسارەت بىلەن نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي نەزەرىيىنى پەيدىنپەي ياراتتى. «جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش ئارقىلىق ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش — ئىزچىل تۇردە دەۋر ئالدىدا مېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئەمەلىيەت داۋامىدا ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ ، ماركسىزمنىڭ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىزدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە .

يولداشلار !

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى پارتىيىمىزنىڭ باشتىن-ئاخىر جۇڭگونىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ، جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىگە ، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشنى گەۋدىلىك تەكىتلەپ ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلدى ، دەۋر تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئالغا بېسىش تەلىپىگە لايىقلاشتى ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، يېڭى شارائىتتا پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش ، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت تۈپ ئاساسنى تۇتتى . «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ، سىياسىي قۇرۇلۇش ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، خەلقئارا ئىستراتېگىيە ۋە دىپلوماتىيە خىزمىتى قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئىسلاھات-تەرەققىيات-مۇقىملىق ، ئىچكى ئىشلار-دىپلوماتىيە-دۆلەت مۇداپىئەسى ، پارتىيىنى ، دۆلەتنى ،

ئارمىيىنى ئىدارە قىلىشقا ئوخشاش ھەرقايسى ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇ مۇكەممەل ۋە ئىلمىي ئىدىيە سىستېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇچقە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە ئەڭ گەۋدىلىك تۈۋرۈكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ زىچ باغلىنىشلىق بولغان ۋە ئۆزئارا تۇتاشقان بىر يۈرۈش يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ھۆكۈم ئاساسىدا، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جاۋاب بەردى، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىگە ئىجادىي يوسۇندا جاۋاب بېرىپ، بىزنىڭ يېڭى دەۋر شارائىتىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

ماركسىزم دۇنياغا كەلگەن 150 نەچچە يىلدىن بۇيان، سوتسىيالىزم ئىشلىرى نەزەرىيە، ئەمەلىيەت جەھەتتە تارىخىي ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، لېكىن ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ كۆرۈلدى. ئېلىمىزنىڭ بىرنەچچە ئون يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇساپىسىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئەمەلىيىتىدە سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيىتىنى يارىتىپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا سەۋەنلىك ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن چوڭقۇر ساۋاق ئالدى. ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن شارائىتتا، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشقا دائىر ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى قانداق قىلىپ ئىلمىي يەكۈنلەپ،

سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك
دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىگە ئوبدان جاۋاب بېرىش — زامانىمىزدىكى
جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئالدىغا قويۇلغان زور تېما بولۇپ قالدى.
پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ تۈپ مەسىلىنى يېقىندىن چىڭ
تۇتۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ،
سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتەردى.
ئەمەلىيەت تەرەققىي قىلماقتا، بىز بۇ تۈپ مەسىلىگە بولغان
تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. «ئۈچكە
ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ
زېدۇڭ ئىدىيىسى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجادىي
يوسۇندا قوللىنىپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە،
ئېلىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تەلىپىگە، ئېلىمىزنىڭ
ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ،
سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك
دېگەن بۇ تۈپ مەسىلە جەھەتتە مول ۋە ئىجادىي نەزەرىيە
مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھاسىل قىلدى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»
مۇھىم ئىدىيىسى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئوبدان
ئىشقا ئاشۇرۇش، ئوبدان قوغداش، ئوبدان راۋاجلاندۇرۇش
توغرىسىدىكى، تەرەققىياتنى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت
يۈرگۈزۈش-دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى
قىلىش توغرىسىدىكى، بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىگە نەپ
تېگىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ھاللىق جەمئىيەتنى
ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى، سوتسىيالىستىك
ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنىدىغان، كۆپ خىل
مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان

ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم
قىلىش ئاساس قىلىنىدىغان، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى تەڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەقسىمات تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى؛ سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى، ئىقتىسادىي
قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە
ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى،
غەربىي رايونلارنى كەڭ ئېچىشنى يولغا قويۇش؛ رايونلارنىڭ
تەڭكەش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى،
«كىرگۈزۈش» بىلەن «چىقىرىش» بىرلەشتۈرۈلگەن ئېچىۋېتىش
ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى، سوتسىيالىستىك
سىياسىي مەدەنىيلىكنى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك
دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى، دۆلەتنى
قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۈپ تاكتىكىسىنى يولغا قويۇش،
قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش
توغرىسىدىكى، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى
راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنى
بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى، سوتسىيالىستىك ماددىي
مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى
تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى،
ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش
توغرىسىدىكى، ئىسلاھات-تەرەققىيات-مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى
توغرا بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى، يېڭى دەۋردە خەلق
ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى، يېڭى
دەۋردە ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئىزچىللاشتۇرۇش ، جۇڭگوچە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ، ھازىرقى باسقۇچتا ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ ، ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىغا توغرا لايىقلىشىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ زور ئىدىيىلەر جۇڭگوچە سوستىيالىزم قۇرۇشنىڭ تەرەققىيات يولى ، تەرەققىيات باسقۇچى ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ، تۈپ مەقسىتى ، تۈپ ۋەزىپىسى ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ، تايانچ كۈچى ، خەلقئارا ئىستراتېگىيە قاتارلىق زور مەسىلىلەرگە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جاۋاب بەردى ، ئۇ ماركسىزملىق نەزەرىيىگە قوشقان زور تۆھپە . بۇ يېڭى ھۆكۈملەر ھەم ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىسىدە چىڭ تۇرغان ، ھەم روشەن دەۋر تۈسىنى ئالغان بولۇپ ، ئۇ ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى ، شۇنداقلا سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭمۇ ئۈلگىسى . بىز «جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىشىمىزدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چىڭ ئىگىلەپ ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە ، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تونۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي جاۋاب بېرىشىمىز ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم .

جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىمىزدە . يولداش جياڭ زېمىن «ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان

شارائىتتا ، قانداق پارتىيە قۇرۇش ، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلە پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا ، تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك زور رېئال مەسىلە» دېگەنىدى . پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ، ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش پارتىيىمىزنىڭ مۇشۇ زور رېئال مەسىلىگە بەرگەن ئېنىق جاۋابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پارتىيىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئوبدان ئىگىلەپ ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھات روھى ئاساسىدا كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ، چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇش-ئايىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خەۋپ-خەتەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تارىخىي تېمىنى ھەقىقىي ئوبدان ھەل قىلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى . «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى توغرىسىدىكى ، پارتىيىنى ئومۇم ئۈچۈن قۇرۇش-ھاكىمىيەتنى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى ، پارتىيىنىڭ ئىدىيۋى نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇش ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ، خەلق

دېموكراتىيىسىگە پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش توغرىسىدىكى، ماركسىزمغا سادىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدىغان، پارتىيىنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى بىلىدىغان سىياسىئونلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى، رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ، پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسىنى ئۇزلۇكسىز كۈچەيتىش ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ئىدارە قىلىش، پارتىيىنى ئىدارە قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش توغرىسىدىكى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك قاتتىق سىياسىي كۈرەش دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ زور ئىدىيىلەر يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى جەھەتتىكى زور تەرەققىيات بولۇپ، ئۇ پارتىيىمىزنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، ئىدىيە، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتە تولۇق مۇستەھكەم بولغان، تۇرلۇك خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋر ئالدىدا ماڭىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلالايدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ئالغا بېسىش يۆنىلىشىمىزنى ۋە ئەمەلىي يولىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى.

بىز «جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگەنگىنىمىزدە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا قانداق

پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش دېگەن بۇ زور مەسىلىگە بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ئوبدان ئالغا سىلجىتىشىمىز، پارتىيىمىزنى باشتىن-ئاخىر ئىجادكارلىق، ئۇيۇشقاقلىق ۋە جەڭگىۋارلىققا تولغان پارتىيىگە، باشتىن-ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇدرەتلىك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

يولداشلار!

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش — ماركسىزمنىڭ جانلىق روھى، بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىش، يېڭى شەيئىلەرنى بىلىش، يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشىمىزدىكى تۈپ ئىدىيىۋى قورال. بۇ جانلىق روھ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ بارلىق نەزەرىيە قىسمىدا تولۇق گەۋدىلەندى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىسىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە دەۋر ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ماركسىزمنى پائال بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. يولداش جياڭ زېمىن 1992-يىل 10-ئايدا پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 1-ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق دەپ چوڭقۇر كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى: «ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەر ئەمدى باب كەلمەي قالدى، يېڭى ئەمەلىيەت تەلىپىگە ئاساسەن، يېڭىباشتىن ئۆگىنىشكە، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشقا، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ.» كېيىن ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «خەلقئارا جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ئىچكى جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، ئۇنىڭغا

جەزمەن نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن جاۋاب بېرىشىمىز ھەمدە ئۇنى جەزمەن ھەل قىلىشىمىز لازىم ، بولمىسا تېخىمۇ ئوبدان ئالغا باسالماي قالىمىز . بىز جەزمەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىمىز ، ماركسىزمنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك . ئەگەر كونا ئەنئەنىلەرگە ئېسىلىۋالساق ، ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قالساق ، قوشۇندىن ئايرىلىپ قالىمىز ، پارتىيىمىزمۇ ئىلغارلىقىنى ۋە رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن . » ئۇ يەنە مۇنداق دېدى : «بىرىنچىدىن ، جەزمەن ماركسىزملىق مەيدان ، كۆز قاراش ، ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇش ، ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك . بۇنىڭدىن قەتئىي تەۋرەنمەسلىك ، مۇجمەللىك قىلماسلىق كېرەك . ئىككىنچىدىن ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەننى جەزمەن ئىزچىللاشتۇرۇش ، باتۇرلارچە ھەقىقەت ئىزدەش ۋە ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىش ئىنقىلابىي روھىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك . بۇنىڭدىنمۇ قەتئىي تەۋرەنمەسلىك ، مۇجمەللىك قىلماسلىق كېرەك . » «بۇ ئىككى ‹قەتئىي تەۋرەنمەسلىك › بىلەن ئىككى ‹مۇجمەللىك قىلماسلىق › بىزنىڭ باشتىن-ئاخىر ھەقىقىي ماركسىزمچى ياكى ماركسىزمچى ئەمەسلىكىمىزنى سىنايدىغان مىنتاش . » پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، پارتىيىمىزنىڭ ئەمەلىيەت جەھەتتىكى ھەر بىر زور تەرەققىياتى ، نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەر بىر زور يۈكسىلىشى ، خىزمەت جەھەتتىكى ھەر بىر زور قەدەم بېسىشىنىڭ ھەممىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى . «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى پارتىيىنىڭ بارلىق نەزەرىيە ۋە خىزمىتىنىڭ

دەۋر خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن-گەۋدىلەندۈرمىگەنلىكىنى ، قانۇنىيەتنى ئىگىلىگەن-ئىگىلىمىگەنلىكىنى ، ئىجادچانلىقنى بېيىتقان-بېيىتمىغانلىقىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ ، ماركسىزملىق نەزەرىيە تەرەققىياتىدا يېڭى مەنزىل ئاچتى ، ئۇ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزمچە مەيدان ، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭ ئۈلگىسى . «جياڭ زېمىن ماقالىلىرىدىن تاللانما» نى ئۆگەنگەندە ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت بۇ جانلىق روھنى پۇختا ئىگىلەپ ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى قوللىنىپ يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم .

ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش ، ھەممىدە خەلققە تايىنىش ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ ئەڭ روشەن سىياسىي مەيدانى . خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى . خەلقنىڭ ئەمەلىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ، خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتىدىن ئىدىيىۋى ئوزۇق ئېلىش ھەمدە ئۇنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش——پارتىيىمىز نەزەرىيە جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشتىكى قۇرۇلماس بۇلاق . يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمىتى ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرىدە ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىش ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ رازى بولغان-بولمىغانلىقىنى تۈپ مىزان قىلىش ، ئىشچىلار ، دېھقانلار ،



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com